3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەتتە بولدى ——

# «بىز شىنجاڭ خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقانلىقىنى، كۆڭۈللۈك، بەختلىك ئىكەنلىكىنى كۆردۇق»

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى جۇڭگو شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەتتە بولدى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە شۇ جاينىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

«جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات، جەمئىيەت ـ خەلق تۇرمۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەردە غايەت زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپتۇ».

«بىز شىنجاڭ خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقانلىقىنى، كۆڭۈللۈك، بەختلىك ئىكەنلىكىنى كۆردۇق».

…

قىسقىغىنا تۆت كۈنلۈك ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت ئەلچىلەر ئۈمىكىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، كۆپچىلىك شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە ئىجابىي باھا بەردى.

## جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئالقىشلىدى ھەم قوللىدى

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. بىر مەزگىل، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ھالىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى.

«جۇڭگو شىنجاڭغا ئوخشاشلا، ئىراقمۇ تېررورىزمنىڭ خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، بىز بىر قاتار تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، بۇ نەتىجىلەر تېررورىزم، ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان تۇپراقنى ئۈنۈملۈك يوقىتىپتۇ، بۇ، ئاساسنى پۇختىلايدىغان ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئىكەن.» شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن ـ كۆرگەزمە مەركىزىدە شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى باش تېما كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئىراقنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىسى جانىم ئابدۇلكەرىم جانىم جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمگە زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى يۈكسەك مۇئەييەنلەشتۈردى، «جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىلىرى ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىز جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ تەھدىتىگە قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز».

ۋەكىللەر ئۈمىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر بىلەن چوڭقۇر سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

سۇدانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جافار ئەھمەد مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ ئىدىيەۋى مەنبەسىنى يوقىتىشتىكى ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى ئىكەن».

بەھرەيىننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەنۋەر ئابدۇللانىڭ جۇڭگو شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم كېلىشى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ تەھدىتىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇپ، مۇقىملىقنى ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. بىز جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئالقىشلايمىز ۋە قوللايمىز».

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تۇرجى ئەلمادى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەت ئارقىلىق، بىز تېررورىزمنىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور بۇزغۇنچىلىقىنى، ھەمدە بۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر خەۋپىنى چوڭقۇر ئىگىلىدۇق. بىز بارلىق شەكىلدىكى تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئەيىبلەيمىز، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قانۇن بويىچە قوللانغان كۈچلۈك تەدبىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئالقىشلايمىز، جۇڭگو تەرەپنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىنى قوللايمىز، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئەسەبىزم ئىدىيەسىنى يوقىتىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىشنى خالايمىز».

## جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە يۈكسەك باھا بەردى

شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، ئەلچىلەر ئۈمىكى يەنە شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاق مەسچىت، قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتى، ئاقسۇ شەھىرىدىكى رەستىجامە مەسچىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى، مەسچىتلەردىكى دىنىي خادىملار بىلەن دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەش، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

«شىنجاڭدا، مەن ئۇيغۇر ئاممىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.» پەلەستىننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فارىز مەھداۋى مۇنداق دېدى: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئامما ۋە مۇسۇلمانلار توپىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپتۇ ۋە كۆڭۈل بۆلۈپتۇ ھەم رايونلاردىكى دىن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مەبلەغ مەدەتى بىلەن تەمىنلەپتۇ. بىز ھەربىر مەسچىتكە زامانىۋى ئەسلىھەلەرنىڭ سەپلەنگەنلىكىنى، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دۆلەت ۋە رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىز جۇڭگو ھۆكۈمىتى قوللانغان مىللەت ـ دىن سىياسىتىنى ئالقىشلايمىز، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، دىنلارنىڭ ئېجىللىقى، ئىناقلىقى ھەم جەمئىيەت تەرەققىياتى، مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئالقىشلايمىز».

## جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى

«بۇ يەرگە كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقىنىڭىزغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ ھەر كۈنى قانچە سائەت خىزمەت قىلىسىز؟ مائاشىڭىز قانچە؟» ئاقسۇ خۇافۇ رەخت توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە، ئەلچىلەر توقۇمىچى ئايال ئىشچى ئوغلەم ھاشىم بىلەن قىزغىن پاراڭلاشتى. ئىلگىرى ئۆيدە بالا بېقىپلا كەلگەن بۇ ياش ئايال پەخىرلەنگەن ھالدا كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ شىركەتكە كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقانلىقىنى، ھەر كۈنى سەككىز سائەت خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئون مىنۇتقا قالمايلا ئۆيىگە كېلىدىغانلىقىنى، ھەر ھەپتىدە يەنە ئىككى كۈن ئارام ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھازىر ئۇ ئايدا 3500 يۈەن مائاش ئالىدىكەن، كارخانا ئۇنىڭغا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئېلىپ بېرىپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت ئىستاژىنىڭ ئېشىشى، خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ مائاشى يەنە ئۆسىدىكەن.

جىبۇتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىسى خادار روبلار ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: «بۇ كارخانا ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇلۇپتۇ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ يەردىكى خىزمىتى، تۇرمۇشى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئىكەن، ئۆزىنىڭ بارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە تولۇق ئىگە ئىكەن. بىز جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن ئۆگىنىپ، ئىزچىل تۈردە پۇقرالارنى ئويلىشىمىز، ھەم ئۇلارغا پائال ياردەم بېرىشىمىز كېرەك».

ئاقسۇ خۇافۇ رەخت توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدىكى ئېكسكۇرسىيە يەمەننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىسى ئەھمەد تۇھەيياغا يەمەننىڭ سانا ۋە ئادېندىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنى ئەسلەتتى: «مەن يەمەندىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خۇافۇ شىركىتىنىڭ بىزنىڭ فابرىكىلاردا ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزنى تەجرىبە بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. خۇافۇ شىركىتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى راھەت، مۇقىم تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بوپتۇ، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، تەربىيەلىنىش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدىكى تەمىناتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن».

بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە، ئەلچىلەر ئۈمىكى يەنە قەشقەر شەھىرى ئاۋات يېزىسى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە، قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ بازىرىنىڭ 14 ـ كەنتىگە، پەيزاۋات ناھىيەلىك يېزا سۇ بىلەن تەمىنلەش باش پونكىتىغا، ئاقسۇ كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى خاتىرە سارىيىغا باردى ھەم كەنتلەرنى ئارىلاپ ئائىلىلەرگە كىرىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت كەنت ئاھالىلىرى بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەت جەريانىدا، كۆپچىلىك جۇڭگونىڭ خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يۈكسەك قۇۋۋەتلىدى.

پەلەستىننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فارىز مەھداۋى مۇنداق دېدى: «كەنت ئاھالىلىرى بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىش جەريانىدا، مەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن رازى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. خەلقنىڭ رازىلىقى ھەممىنىڭ مەركىزى، باشقا نەرسىلەر ئانچە مۇھىم ئەمەس. سىرتتا شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا بەزى ئۆسەك سۆزلەر بار، لېكىن شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن پۈتۈن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش تۇرمۇشتىن بەھرىلىنەلىشىنى ئۈمىد قىلدىم».

سۇدانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جافار ئەھمەد پەيزاۋات ناھىيەلىك يېزا سۇ بىلەن تەمىنلەش باش پونكىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىلىرى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە، ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، بىزنىڭ ئافرىقا رايونىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى يەنىلا يۇقىرى ئەمەس، بىزنىڭ نۇرغۇن ئېھتىياجىمىز شىنجاڭنىڭكىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پاكىز سۇ مەنبەسىدىن بەھرىمەن بولۇش مۇھىم كىشىلىك ھوقۇق، شۇنداقلا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئالىي شەكلى. بۇ نۇقتىدىن بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بۇ جايدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق ياخشىلىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھازىر ياسىلىپ پۈتكەن بۇ سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان دانا سىياسىتى شىنجاڭنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلالايدۇ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ».

ئاقسۇ كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئىيوردانىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خۇسام ھۈسەينى جۇڭگونىڭ قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «قۇملىشىش ئوخشاشلا بىز دۇچ كەلگەن مۇھىم مەسىلە، ئۇ بىزنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئېنىقكى، جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قانات يايدۇرۇشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىز تەقلىد قىلىدىغان ياخشى ئۈلگە ئىكەن، دۆلىتىمىزدە ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدىكەن. مەن جۇڭگو تەرەپنىڭ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىنى ئىنتايىن ئالقىشلايمەن، جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك يىرىك پىلان تۈزگەنلىكى ھەم ئۇنى ئىزچىل ئۈنۈملۈك يولغا قويغانلىقىنى ئالقىشلايمەن».

## شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى ۋە مۇقىم بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى

ئەلچىلەر ئۈمىكى يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار، قەشقەر قەدىمىي شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىگەرچى يېزىسى ئىگەرچى كەنتىدىكى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كوچىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتىنى ھېس قىلدى.

بەھرەيىننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەنۋەر ئابدۇللا مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە، مەن شىنجاڭنىڭ تىنچ، بىخەتەر، مۇقىم ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق بىللە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار، قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنى ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ساياھەتچىلىكنىڭ گۈللەنگەنلىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىسپاتلايدۇ. شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشىنى، تېخىمۇ زور گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىلدىن بۇيان، بىڭتۈەن سانائىتىدە مۇقىملىشىپ قايتا ئېشىش ھالىتى كۆرۈلگەن، يېڭىدىن كۆپەيگەن كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرى ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماي، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىگىمۇ تۈرتكە بولغان. ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە، بىڭتۈەن سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش سىستېمىسى ئېشىش مىقدارىنى كېڭەيتىش جەھەتتە مەركەزلىك كۈچىگەن، تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە، ھەرقايسى شى، شەھەرلەردە يېڭىدىن كۆپەيگەن كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسى 21گە يېتىپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن كارخانىلارنىڭ تۈرتكىلىك رولى كۆرۈنەرلىك بولغان.

ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە، بىڭتۈەندىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.8% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى 1 ـ پەسىلدىكىدىن 9.8 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىگەن، ئالدىنقى يېرىم يىلدىكىدىن 1.7 پىرسەنت پوئىنت تېزلەشكەن.

بىڭتۈەن سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋە تۈر قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، زور بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولغان. سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشتا شەكىللەنگەن ئەمەلىي بۇيۇم مىقدارى جەھەتتە پۈتۈن يىللىق پىلانىنىڭ 80%تىن كۆپرەكى تاماملانغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەسەت ئۇرايىم تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە قەشقەر ۋىلايىتىگە كىرىدىغان ـ چىقىدىغان خەلق ئاۋىياتسىيەسى، تۆمۈريول، تاشيول قاتارلىقلاردا قاتناشنىڭ يۈرۈشۈشى نورمال بولماقتا، 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە قەشقەر، يەكەن ئايرودرومىلىرىدا پورتقا كىرگەن ـ چىققان يولۇچىلار 27 مىڭ 700 ئادەم قېتىم بولدى، جەمئىي 328 قېتىم نۆۋەتچى ئايروپىلان ئۇچتى ۋە قوندى؛ قەشقەر ۋوگزالىدا قەشقەرگە كەلگەن پويىز 76، قەشقەردىن ئايرىلغان پويىز 74 بولۇپ، جەمئىي يولۇچى توشۇش مىقدارى 45 مىڭ 500 ئادەم قېتىم بولدى؛ ئاپتوموبىل بىلەن قەشقەرگە كىرگەن ـ چىققانلار 49 مىڭ 600 ئادەم قېتىم بولدى.

قەشقەر شەھىرىدە ھەرقايسى ناھىيەلەرگە قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇسلار نورمال قاتنىدى. 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىگە قاراشلىق 13 ئاساسىي قاتلام يولۇچى توشۇش بېكىتىدە جەمئىي 3520 ئاپتوموبىل قېتىم نۆۋەتچى ئاپتوبۇس يولغا چىقىپ، يولۇچىلار ئېقىمى 24 مىڭ 700 ئادەم قېتىم بولدى. كوناشەھەر ناھىيەسىدىن باشقا، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لەر جەمئىي 160 ئاممىۋى ئاپتوبۇس، 535 تاكسى ئاجرىتىپ، شەھەر رايونىنىڭ ترانسپورتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى مۇلازىمەت كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. قەشقەرگە كەلگەن، قەشقەرگە قايتقان، قەشقەردىن ئايرىلغان خادىملارغا قارىتا، قەشقەر شەھىرى پويىزنىڭ ۋوگزالغا يېتىپ كېلىش ۋە ئايروپىلاننىڭ پورتقا كىرىش ۋاقتىغا ئاساسەن، 60 ئاممىۋى ئاپتوبۇس، 70 تاكسىنى ئايرودروم، ۋوگزال قاتارلىق قاتناش تۈگۈنلىرىدە ترانسپورت كاپالىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەڭشەپ ئەۋەتتى.

قەشقەر ئايرودرومى، يەكەن ئايرودرومى ھەم ھەرقايسى ۋوگزاللار تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈردى، بىرىنچى سەپتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە 2 ـ دەرىجىلىك مۇداپىئەنى يولغا قويۇپ، ماسكا، كۆز ئاسراش ئەينىكى(يۈز توسۇقى)، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر قېتىملىق پەلەي، مۇداپىئە كىيىمى قاتارلىق مۇداپىئە جابدۇقلىرىنى سەپلەپ بەردى. ھەر كۈنى ئايرودروم، ۋوگزالدىكى يولۇچىلار كۈتۈش سورۇنلىرى ھەم پورتقا كىرگەن ـ چىققان نۆۋەتچى ئايروپىلان، پويىزلاردا دائىملىق دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى قانات يايدۇردى. قەشقەرگە كەلگەن، قەشقەرگە قايتقان يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، ساغلاملىق كودى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ دەلىللىدى؛ قەشقەردىن ئايرىلىدىغان يولۇچىلار يۇقىرىقى تەلەپلەردىن باشقا، يەتتە كۈن ئىچىدىكى ئۈنۈملۈك نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەنپىي چىققانلىق دوكلاتىنى ئېلىپ، قەشقەردىن نورمال ئايرىلسا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گۇ يىڭسۇ ئومۇمىي ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇش قىلىپ مۇنداق دېدى: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسى، ئاتۇش شەھىرى، ئۇلۇغچات ناھىيەسى كوناشەھەر ناھىيەسى بىلەن تۇتىشىدىغان بولغاچقا، كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، قىزىلسۇ ئوبلاستىمۇ بىرىنچى ۋاقىتتا بارلىق خادىملارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، قىزىلسۇ ئوبلاستى نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا 2 ـ قېتىملىق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سائەت 24 تىن 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سائەت 18گىچە، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسى بىلەن قوشنا بولغان قارا كېچىك يېزىسى ۋە پىلال يېزىسىدا يېڭىدىن كۆپەيگەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 15 بولۇپ، ھەممىسى ئايرىپ تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلار.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)